4- مۇۋاپىق قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق جۈملە تۈزۈڭ ۋە تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

①سەن، دەپتەر، سەن، ئۈستەل.
②سائادەت، ئاتا، ئىشچى، مەن، ئاتا، مۇئەللىم.
③بۇ، مەن، لۇغەت، ئەمەس، بۇ، سىز، لۇغەت.
④داۋۇت، ئۆي، ئۈرۈمچى.
⑤مەن، ئاچا، بىر، بالا، يېزا.
⑥ئۇ، مەن، ئاكا، ياخشى، دوست.
⑦شەرقىي تۈركىستان، يەرمەيدانى، چوڭ.

5- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1- Kaşgar Doğu Türkistan'ın en önemli kentlerinden biri.
2- Ali ve onun iki arkadaşı odada uyuyorlar.
3- Bu kitap benim sınıf arkadaşıma ait.
4-Bu şapka kimin?
   - Bu benim şapkam.
5- Bu kimin sözlüğü?
   - Bu Halil'in sözlüğü.
6- Bu kimin arabası?
   - Bu Davut'un arabası.
7- Sen Şahin'in sınıf arkadaşımı sın?
   - Evet, ben Şahin'in sınıf arkadaşı.
8 - Onlar sizin öğrenciniz mi?
   -Hayır, onlar benim öğrencim değil, benim arkadaşımın öğrencileri.

## دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆز - ئىبارىلەر

تۇرسۇن، سىز ئوقۇڭ.

ياخشى، ئولتۇرۇڭ.

ئوقۇ -

### كۆنۈكمە

1- تۆۋەندىكى ئىسىملارنى تەۋەلىك بىرلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىگەندىن كېيىن، ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى ۋە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەڭ.

| | | |
|---|---|---|
| كۆز | چىنە | ساۋاقداش |
| ھەدە | زاۋۇت | ئوقۇغۇچى |
| بالا | جۈملە | كۈتۈپخانا |
| ئائىلە | لۇغەت | گراماتىكا |

2- تۆۋەندە بېرىلگەن ئىسىملارنى شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەڭ.

| | | |
|---|---|---|
| ئۆي | چىنە | دەپتەر |
| دوست | قوغۇن | تۇرمۇش |
| قول | نەشپۈت | ئىستاكان |
| ئاتا | لۇغەت | كەسىپداش |
| ھەدە | ژورنال | ئوقۇغۇچى |



3- تۆۋەندە مۇۋاپىق شەخس ئالماشلىرىنى تىرناق ئىچىگە تولدۇرۇڭ ۋە تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

| | |
|---|---|
| (    ) قولۇم | (    ) كارىۋىتىڭ |
| (    ) رومانى | (    ) بالىسى |
| (    ) ئۆگىنىشىڭ | (    ) ئۈستىلىم |
| (    ) قەلىمىڭىز | (    ) سېۋىتى |
| (    ) شەپكەم | (    ) سائىتىڭىز |

«مەكتەپ» دېگەن ئىسىمنى ئۈچ شەخسنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلىدە تۈرلىسەك: مەكتىپىم، مەكتىپىمىز، مەكتىپىڭ، مەكتىپىڭلار، مەكتىپى شەكلىدە تۈرلىنىدۇ. بۇ ئىسىمغا قوشۇلغان « -ىم، -ىمىز، -ىڭ، -ىڭلار، -ى» قوشۇمچىلىرىنى ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك شەخس قوشۇمچىلىرى دەيمىز.

ئۇيغۇر تىلىدا تاۋۇشلار ئاھاڭداشلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاچقا، ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك شەخس قوشۇمچىلىرىدا ھەربىر شەخسكە تەۋە بىرنەچچە يۈرۈش قوشۇمچە بار.

ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك شەخس قوشۇمچىلىرى ئۈچ شەخستە، بىرلىك، كۆپلۈك ساندا كېلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس قوشۇمچىلىرى بار. بۇ دەرسىمىزدە بىرلىك شەكلىنى ئىزاھلاپ ئۆتىمىز. كۆپلۈك شەكلىنى ئالدىمىزدىكى دەرسىمىزدە ئىزاھلايمىز.

ئىسىمنىڭ تەۋەلىك شەكىللىرىنىڭ بۇ تۈرلىرىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈشكە بولىدۇ.

| تۈرى | | تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى | مىساللار |
|---|---|---|---|
| I-شەخس | بىرلىك تۈرى | -م/، -ىم/، -ۇم/، -ۈم | ئاتام،كىتابىم، پۇتۇم،ئۆيۈم |
| | كۆپلۈك تۈرى | - ۈڭلار /، - ۇڭلار/، - ىڭلار/، -ڭلار | ئانىمىز، كىتاۋىمىز، پۇتۇمىز، ئۆيىمىز |
| II-شەخس | بىرلىك ئاددى تۈرى | -ڭ/، -ىڭ/، -ۇڭ/، -ۈڭ | ئاناڭ، كىتابىڭ، پۇتۇڭ، ئۆيۈڭ |
| | كۆپلۈك تۈرى | - ۈڭلار /، - ۇڭلار/، - ىڭلار/، -ڭلار | ئانىمىز، كىتاۋىمىز، پۇتۇمىز، ئۆيىمىز |
| | كۆپلۈك ئاددى تۈرى | -ڭلار /، - ىڭلار /، - ۇڭلار/ - ۈڭلار | ئاناڭلار، كىتابىڭلار، پۇتۇڭلار، ئۆيۈڭلار |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | - ڭىز/، - ىڭىز | ئانىڭىز، كىتابىڭىز |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | - لىرى | ئانىلىرى، كىتابلىرى |
| III-شەخس | تۈرى | -سى/، - ى | ئانىسى، كىتابى |